# 113993 ـ ئاشۇرا كۈنى ئۈچۈن تەييارلانغان يېمەكلىكنى يېيىش ۋە بىر كىشىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ كۈندە كەڭرى خىراجەت قىلىش توغرىسىدا

**سۇئال**

ئاشۇرا كۈنىدە ئاشۇرا ئۈچۈن تەييارلانغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش بىدئەت ھېسابلىنامدۇ؟ ئاشۇرا كۈنىدىن بىر كۈن بۇرۇن ياكى بىر كۈن كېيىن يېيىشمۇ بىدئەت بولامدۇ؟ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇ كۈندە زىياپەت قىلىش بىلەن بىرگە تۈرلۈك مېۋە ۋە تاتلىق تۈرۈملەرنى ھازىر قىلسا توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئەگەر بۇ يېمەكلەر ئاشۇرا كۈنىدە ئۆزلىرىنى كاچاتلاپ، مەيدىلىرىگە مۇشتلاپ پائالىيەت قىلىدىغان شىيئەلەرنىڭ تەييارلىغان يېمەكلىرى بولسا، مۇسۇلمان كىشى بۇنداق مۇنكەر-بىدئەت ئىشلاردىن يىراق بولىشى ۋە بۇنىڭغا ئىشتىراك قىلماسلىقى كېرەك بولىدۇ. بىز بۇ توغرىدا ئىلگىرى 102885 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھنىڭ پەتىۋاسىنى نەقىل قىلدۇق.

ئەمما بۇ يېمەكلىكلەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىدئەت ئىشلارغا مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، پەقەت بۇ كۈندە ئۆزى ۋە ئائىلىسىگە كەڭرە خىراجەت قىلىش سەۋەبىدىن تەييارلانغان بولسا بۇنى يېسە بولىدۇ، بۇ بىدئەت دەپ قارالمايدۇ.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئاشۇرا كۈنىدە ئۆزى ۋە ئائىلىسىگە كەڭرى خىراجەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى، بۇنىڭغا دەلىل كەلتۈرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان ئاجىز-زەئىپ، ھۆججەتلىككە يارىمايدىغان ھەدىسلەرنى بايان قىلدى.

ئىككىنچى: تۇغۇلغان كۈن پائالىيتى ئۆلىپ بېرىش بولسا چەكلەنگەن، بىدئەت ئىشلاردىن بولۇپ، بۇ توغرىدا ئىلگىرى 1027 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا تەپسىلى بايان قىلدۇق.

تۇغۇلغان كۈنى ئۇ كۈنگە توغرا كەلگەن تەقدىردە، ئۇ كۈند مۇناسىۋىتى بىلەن يېمەكلىكلەرنى كەڭرى قىلىش، بۇ كۈننى تەبرىكلەپ مېۋە ۋە تاتلىق تۈرۈملەرنى ھازىر قىلىش توغرا بولمايدۇ.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.